# 26983 ـ ئايallar ئۆچۈن ھېيت نامىزى ئوقۇش سۈننەتتۇر

**سوئال**

ئايالىمىزنىڭ ھېيت نامىزى ئوقۇش پەرزمۇ؟ ئەگەر پەرز بولسا ئۆيدە ئوقۇمدۇ ياكى ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان جايغا چىقىپ ئوقۇمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاياللار ئۈچۈن ھېيت نامىزى ئوقۇش پەرز ئەمەس بەلكى ئۇلار ئۈچۈن سۈننەتتۇر، ئاياللارمۇ ھېيت نامىزىنى ناماز ئوقۇيدىغان جايدا مۇسۇلمان جامائەتلەر بىلەن بىرگە ئوقۇيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان.

ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزنى يەنى ئاياللارنى قىزلارنى ھەتتا ئادەت كۆرۈپ قالغان ئاياللارنىمۇ ھېيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرىغان. ئەمما ئۇلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جايدىن يىراقراق تۇرۇشقا بۇيرىغان. [بۇخارى رىۋايىتى931– ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 890–ھەدىس].

يەنە بىر رىۋايەتتە: قىز ـ ئاياللار ھېيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرۇلدۇق دېگەن.

تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىزلار، چوكانلار، چوڭ ئاياللارنى ھەتتا ئادەت كۆرۈپ قالغان ئاياللارنىمۇ ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرىيتتى. ئەمما ھەيزدارلار ناماز ئوقۇيدىغان جايدىن يىراق بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئالىرىغا قاتنىشاتتى، ئاياللاردىن بىرى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بەزىلىرىمىزنىڭ يوركەنچىمىز يوق دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ھەمشىلىرىنىڭ يوركەنچىسىنى ئارىيەت ئالسۇن دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

نەسائىنىڭ رىۋايىتىدە: ھەپسە بىنتى سىيرىين مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس سۆزلىسە، ئاتام پىدا بولسۇن دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلىتەتتى، ئۇنىڭدىن: سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغانمۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ: ھەئە، ئاتام پىدا بولسۇن دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاياللار، قىزلار ۋە ئادەت كۆرۈپ قالغان ئاياللارنى ھېيت نامىزىغا چىقىشقا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىغا قاتنىششىقا بۇيرىدى، ئادەت كۆرۈپ

قالغان ئايالدلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جايدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرىدى. [بۇخارى رىۋايىتى841-ھەدىس].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەلىللەرگە ئاساسەن، ئايالدلارنىڭ ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقىشىنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن سۈننەت ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تولۇق ئۇرۇنۇپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتمەستىن چىقىشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئاق-قارىنى ئايرىدىغان بالىلارنىڭ ھېيت نامىزى ، جۈمە نامىزى ۋە باشقا نامازلارغا چىقىشى شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ياخشى ئىشلاردىن بولۇپ، بۇ توغرىدا نۇرغۇن دەلىللەر بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.